# «غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭنى ئۇ ياقتۇرمايدىغان سۆز بىلەن زىكىر قىلىشىڭ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭنى ئۇ ياقتۇرمايدىغان سۆز بىلەن زىكىر قىلىشىڭ»دېدى، بەزىلەر: ئەگەر ئۇنىڭ ھەققىدە دېگەن سۆزۈم راست بولسا (يەنى ئۇ كىشىدە تېپىلسا) قانداق بولىدۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇنىڭ توغرىسىدا دېگەن سۆزۈڭ راست بولسا، غەيۋەت قىلغان بولىدۇڭ، راست بولمىغان بولسا ئۇنىڭغا بوھتان قىلغان بولىدۇڭ» دېدى.

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارام بولغان غەيۋەتنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ: سورۇندا يوق بولغان مۇسۇلمان كىشىنى ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە جىسمانى سۈپەتلىرىدىن ئۇ كىشى ئاڭلاشنى ياقتۇرمايدىغان سۆزنى قىلىشتۇر. مەسىلەن: ئالىغاي، ساختىپەز، يالغانچى دېگەندەك ئۇ كىشىنى سۆكىدىغان سۈپەتلەر، گەرچە ئۇ سۈپەتلەر ئۇ كىشىدە بولسىمۇ ئۇنى دېمەسلىك كېرەك. ئەگەر يۇقىرىقىدەك سۈپەتلىگەن ناچار سۈپەتلەر ئۇ كىشىدە بولمىسا، بۇ غەيۋەتتىنمۇ يامان بولغان بوھتاندۇر، يەنى ئۇ ئىنساندا يوق بولغان بىر ئىشنى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىشتۇر.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5326

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee